بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى
38- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَدَأْبِ آلِ فِرْعَوْنَ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ كَفَرُوا بِآيَاتِ اللَّهِ فَأَخَذَهُمُ اللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ شَدِيدُ الْعِقَابِ ۞ ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَى قَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ وَأَنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ۞ كَدَأْبِ آلِ فِرْعَوْنَ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ كَذَّبُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ فَأَهْلَكْنَاهُمْ بِذُنُوبِهِمْ وَأَغْرَقْنَا آلَ فِرْعَوْنَ وَكُلٌّ كَانُوا ظَالِمِينَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(بۇ كاپىرلارنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتى) فىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [52]. بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە، الله ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [53]. (ئۇلارنىڭ ئادىتى) فىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، فىرئەۋن جامائەسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى (كۇفرىلىق ۋە گۇناھ قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئازابقا دۇچار قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى (قەۋم) بولدى [54]» (سۈرە ئەنفال 52- ئايەتتىن 54- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەيىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: ئەمدى بىز قۇرئاننىڭ بايان قىلىش جەريانى بىلەن بىرگە ئىلگىرىكى ئايەتلەردىكى مەنزىرىلەردىن، شۇ مەنزىرىلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئومۇمىي قائىدە خاراكتېرلىك ھەقىقەتكە يۆتكىلىمىز. بۇ ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كاپىرلارنى خورلۇق ۋە ئازاب بىلەن جازالاش ــــ شەك-شۈبھىسىز ئۆزگەرمەس ئىزچىل قانۇنىيەتتۇر. مانا بۇ مۇقەررەر نەتىجە بولۇپ، الله نىڭ قانۇنىيىتى ئەزەلدىن بۇ نەتىجىدىن ئايرىلمىغان: «(بۇ كاپىرلارنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتى) فىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر». ھەقىقەتەن الله تعالى ئىنسانلارنى ئۆتكۈنچى ۋە پىلانسىز تاسادىپىيلىقلارغا تاپشۇرۇپ قويغىنى يوق. بەدر كۈنى مۇشرىكلارغا يەتكەن مۇسىبەت ھەر زاماندىكى مۇشرىكلارغا يەتكەن مۇسىبەتنىڭ ئۆزى شۇ. بۇ مۇسىبەت ئىلگىرى فىرئەۋن گۇرۇھىغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كاپىرلارغا ھەم يەتكەن: «ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى». ئۇلار الله نىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى: «الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر». ھەقىقەتەن ئىلگىرى الله تعالى ئۇلارغا ئۆز نېئمەتلىرىدىن ئاتا قىلغان، ئۆز پەزلى-مەرھەمىتىدىن رىزىق بەرگەن، ئۇلارنى زېمىندە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈپ ئۇرۇنباسار ھاكىم (يەنى خەلىپە) قىلغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى الله تعالى ئۆزىگە شۈكرى قىلامدۇ ياكى كۇفرىلىق (تۇزكورلۇق) قىلامدۇ؟ دەپ ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا پەقەت نېئمەت قىلىپ بەرگەن لېكىن ئۇلار شۈكرى قىلماستىن كۇفرىلىق قىلدى، ئاتا قىلىنغان نەرسىلىرى ئارقىلىق كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئاشتى. نېئمەت ۋە قۇۋۋەت ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ زوراۋان، تاغۇت، كاپىر، فاجىر ۋە پاسىقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، الله نىڭ ئايەتلىرى كەلگەن چاغدا ئۇنىڭغا كۇپۇرلۇق قىلىشتى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارغا الله تعالى نىڭ كاپىرلارنى ھالاك قىلىش سۈننىتى ھەقلىق بولدى چۈنكى الله نىڭ سۈننىتى بولسا الله نىڭ ئايەتلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ھالاك قىلىشتۇر. ئەنە شۇ ۋاقىتتا الله نېئمىتىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇلارنى ئازاب بىلەن جازالايدۇ ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ:

«بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە، الله ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»...

الله ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئايەتلەر كېلىشتىن بۇرۇن ھالاك قىلماستىن بەلكى ئايەتلەر كېلىپ ئۇنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن ھالاك قىلدى چۈنكى بۇ الله نىڭ سۈننىتى (يەنى قانۇنىيىتى) ۋە رەھمىتى: «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچ ئادەمنى جازالىغىنىمىز يوق» (سۈرە ئىسرا 15- ئايەت).

مانا بۇ يەردە الله فىرئەۋن گۇرۇھى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۇلارغا ئوخشاش كاپىرلار ھەققىدە بايان قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئايىتىنى ئىنكار قىلىپ زالىم بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن الله نىڭ ھالاك قىلىشىغا ئۇچرىغان. الله بۇ يەردە «زۇلۇم» دېگەن ئىبارىنى كۇفرى ياكى شېرىك مەنىسىدە ئىشلەتكەن. مانا بۇ ئىشلىتىش قۇرئاندا كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

«بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە، الله ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن ئايەتنىڭ تېكىستى توغرىسىدا ئازراق توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

بۇ ئايەت بىر تەرەپتىن، بەندىلەر ئۆز نىيەتلىرىنى بۇزمىغۇچە، ئەمەل-ھەركەتلىرىنى، ياخشى شارائىتلىرىنى، تۇزۇملىرىنى يامان يوللارغا ئۆزگەرتمىگۈچە ۋە ئۇلار سىناق ھەم ئىمتىھان قىلىنىش مەقسىتىدە ئاتا قىلىنغان ياخشى نېئمەتلەرنى قەدىرلىمەي تۇزكورلۇق قىلىشلىرى سەۋەبىدىن شۇ نېئمەتلەرنىڭ يامان نېئمەتكە ئۆزگىرىشىگە ھەقلىق بولمىغۇچە، ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېئمەتنى تارتىپ ئېلىۋەتمەسلىكتىن ئىبارەت الله نىڭ بەندىلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدلى-ئادالىتىنى جاكارلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مانا بۇ ئىنسان دېگەن مەخلۇقنىڭ مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ چۈنكى الله نىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇ مەخلۇق ئارقىلىق ئىجرا بولىدۇ. الله نىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇ ئىنساننىڭ ھەرىكىتى ۋە قىلغان ئەمىلى ئارقىلىق ئىجرا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى تەقدىرنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشى شۇ كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى، نىيەتلىرىدىكى، ئىش-ھەركەتلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن تاللاپ ئالغان تۈزۈم ۋە شارائىتلاردىكى ئەمەلىي ئۆزگىرىشنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.

ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ مەخلۇقنىڭ مانا مۇشۇنداق كاتتا ھۆرمەتلىنىش باراۋىرىگە بۇ ئايەت شۇ مەخلۇقنىڭ ئۈستىگە كاتتا بىر يۈكنى تاشلايدۇ چۈنكى ئۇ مەخلۇق ئىنكار قىلىش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، نىيىتىنى بۇزۇش ۋە خاتا قەدەم ئېلىش سەۋەبى بىلەن ئۆزىدىكى نېئمەتنى يوقىتالىغاندەك، نېئمەتنىڭ قەدرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ نېئمىتىنى ئۆزىگە تېخىمۇ زىيادە قىلالايدۇ ۋە نېئمەتنى ئۆزگەرتمەي ئۆزىدە مەڭگۈ داۋاملاشتۇرالايدۇ.

شۇنىڭدەك، بۇ ھەقىقەت بۇ مەخلۇقنىڭ ھاياتى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىدىكى، ئەمەل بىلەن جازا-مۇكاپات ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى ۋە مۇشۇ زىچ مۇناسىۋەتنى الله نىڭ تەقدىرىنىڭ ئىجرا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەنلىكىدىكى الله نىڭ مۇتلەق ئادالىتىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. الله نىڭ بۇ قانۇنىيىتىدە ھېچبىر بەندىگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ: «الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» (سۈرە ئەنفال 51- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)...

«گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، فىرئەۋن جامائەسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى (كۇفرىلىق ۋە گۇناھ قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئازابقا دۇچار قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى (قەۋم) بولدى»...

«بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە الله ئۇلارغا بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ»...

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ ئىگىسى الله قا خاستۇر.

### يۇقىرىقىلاردىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، ياراتقۇچىنىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى.

ئىككىنچى، زالىملارنى ھالاك قىلىش، نېئمەتنىڭ ئورنىغا ئازابنى ۋە ئازابنىڭ ئورنىغا نېئمەتنى ئالماشتۇرۇش الله نىڭ سۈننىتى (يەنى قانۇنىيىتى) ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، كىشىلەر ئۆزلىرى بەھرىلىنىۋاتقان نېئمەتنى ياكى چېكىۋاتقان ئازابنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئۆزگەرتمىگۈچە الله نىڭ ئۆزگەرتىپ قويۇشى الله نىڭ سۈننىتى (يەنى تۇتقان يولى)دىن ئەمەسلىكى.

تۆتىنچى، الله نىڭ زۇلۇم ۋە زۇلۇم ئەھلىنى قاتتىق تەنقىدلەيدىغانلىقى شۇنداقلا ھەر قانداق گۇناھنى زۇلۇم دەپ ئاتايدىغانلىقى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

الله تعالى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئاخىرەت كۈنىنى نۇرغۇن جايلاردا ئالاھىدە تىلغا ئالغان ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى الله قا ئىمان كەلتۈرۈشكە باغلىغان. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ وَبِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ» (سۈرە بەقەرە 4- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىم پەقەت الله قىلا خاس، بۇنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ چۈنكى الله تعالى مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ﴾ «قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر» (سۈرە لوقمان 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله تعالى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بەندىلىرىدىن مەخپىي قىلغان بىلەن قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا بەلگە بولىدىغان ئالامەت ۋە دەلىللەرنى بېكىتىپ قويدى. ئەھلى سۈننە قىيامەتنىڭ بولۇشىغا دالالەت قىلىدىغان بۇرۇن يۈز بەرگەن ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان چوڭ-كىچىك ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىگە جەزمىي ئىمان كەلتۈرىدۇ.

قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامىتى دېگىنىمىز ــــ قىيامەتنىڭ دەرھال بولىدىغانلىقىنى ئەمەس بەلكى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەردۇر.

قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامىتى دېگىنىمىز ــــ بىر ئالامەت يۈز بەرسە، قالغان ئالامەتلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۇلىشىپ كېلىپ قىيامەت بولىدىغان ئالامەتلەردۇر.

قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارقىلىق پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىككە خاتىمە بېرىلگەنلىكى شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاپات بولغانلىقى قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ فەتھى قىلىنىشى، مەدىنىگە نىسبەتەن كۈن چىقىش تەرەپتىن (يەنى ئىراق، ئىران ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەدىنىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئەللەر تەرىپىدىن) پىتنىلەرنىڭ چىقىشى (يەنى خاۋارىج، شىئە... قاتارلىق بىدئەتچى ۋە بۆلگۈنچى پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى) مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ سۈننەتلىرىگە (يەنى يوللىرىغا) ئەگىشىشنىڭ يۈز بېرىشى، ھەددىدىن زىيادە كاززابلارنىڭ ۋە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغانلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىدىن يالغان ھەدىسلەرنىڭ توقۇلۇشى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىنىڭ رەت قىلىنىشى، خەۋەرلەرنى تەكشۈرمەي نەقىل قىلىش، ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، يېشى كىچىك گۆدەكلەرنىڭ ھۇزۇرىدىن ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئىلىمسىزلىك ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ يامراپ كېتىشى، سالىھلارنىڭ كېتىپ قىلىشى، ئىسلام تۇتقۇلىرىنىڭ بىر-بىرلەپ ئۈزۈلۈشى، پۈتۈن ئۈممەتلەرنىڭ مۇھەممەد ﷺ ئۈممىتى ئۈستىگە خۇددى تائامغا قول سوزغاندەك ئولىشىپ كېلىشى، ئاندىن كېيىن ئىسلام ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ غېرىب ھالەتكە قايتىشى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

**عَنِ الزُّبَيْرِ بْنِ عَدِيٍّ، قَالَ: شَكَوْنَا إِلَى أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ مَا نَلْقَى مِنَ الْحَجَّاجِ، فَقَالَ: اصْبِرُوا، فَإِنَّهُ لاَ يَأْتِي عَلَيْكُمْ عَامٌ، أَوْ يَوْمٌ، إِلاَّ الَّذِي بَعْدَهُ شَرٌّ مِنْهُ، حَتَّى تَلْقَوْا رَبَّكُمْ، عَزَّ وَجَلَّ، سَمِعْتُهُ مِنْ نَبِيِّكُمْ ﷺ** (راوه البخارى).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

زۇبەير ئىبنى ئەدى رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىز ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قېشىغا ھەججاجنىڭ قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى شىكايەت قىلىپ كەلدۇق. ئۇ: «سەۋر قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <بۇندىن كېيىن سىلەر رەببىڭلارغا ئۇچراشقۇچە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق يىللار ياكى كۈنلەر كېلىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دېدى (بۇخارى توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خىزمەتچىسى ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 90- يىلىغىچە ياشىغان. ئۇ ياشىغان دەۋردە بەزىبىر يېتىنلەر يۈز بەرگەن شۇڭا كىشىلەر ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ سەقەفىدىن ئۇچرىغان زۇلۇملىرىنى ئۇنىڭغا شىكايەت قىلىپ كەلگەن. ھەججاج بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى زۇلۇم ۋە قان تۆكۈش بىلەن داڭقى چىققان زالىم، زوراۋان كىشى ئىدى.

ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رضي الله عنه غا ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن مەككىنى مۇھاسىرە قىلىپ مەنجانىق ئېتىپ، كەئبىنى ۋەيران قىلغان ھەمدە خەلقكە كۆپ ئەزىيەت بەرگەن. خەلق ئەنەس رضي الله عنه نىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، ئۇ خەلقنى زالىم ئەمىرلەرنىڭ زۇلۇمىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان چۈنكى خەلقلەر گۇناھ ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن زالىم ئەمىرلەر ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ھۆكۈمران) قىلىنغان. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭغا (يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز» (سۈرە ئەنئام 129- ئايەت).

سەن زالىم ئەمىرلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ مېلىغا، ياكى بەدەنلىرىگە، ياكى باشقا ھەقلىرىگە زۇلۇم قىلغىنىنى كۆرسەڭ شۇنى بىلەلەيسەنكى، بۇ بالايى-مۇسىبەتنىڭ ئاساسىي مەنبەسى شۇ خەلقنىڭ ئۆزىدۇر چۈنكى ئۇلار ھەقتىن بۇرۇلغان شۇڭا الله ئۇلارنىڭ ئۈستىگە زالىم ئەمىرلەرنى مۇسەللەت (يەنى ھاكىم) قىلىپ قويغان. بەزى سەلەفلەردىن شۇنداق ماقال كەلگەنكى: «سىلەر قانداق بولساڭلار ئۈستۈڭلارغا شۇنداق كىشى ھاكىم بولىدۇ». بۇ — مۇتلەق سۆز ئەمەس. يەنى، ئەمىرلەرنىڭ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشى كۆپىنچە ھالدا خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ. تارىخلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇمەييە خەلىپىلىرىنىڭ بىرى (بەلكى بۇ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بولۇشى مۇمكىن) خەلقنىڭ ئىچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنى يىغىپ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! سىلەر بىزدىن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەردەك بولۇشىمىزنى خالايدىكەنسىلەر، شۇنداقمۇ؟»، كىشىلەر: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇ: «سىلەر ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەردەك بولۇپ بېرىڭلار، ئاندىن بىز ئەبۇبەكرى، ئۆمەردەك بولايلى» دېگەن.

يەنە، خاۋارىجلارنىڭ بىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه نىڭ يېنىغا كېلىپ: «نېمە ئۈچۈن خەلق ئەبۇبەكرى، ئۆمەرنى تەنقىدلىمەي، پەقەت سېنىلا تەنقىدلەيدۇ؟» دېگەندە، ئەلى رضي الله عنه ئۇنىڭغا: «ئەبۇبەكرى، ئۆمەرنىڭ رىجاللىرى (يەنى قول ئاستىدىكى نوپۇزلۇق ئەھلى بولغان كىشىلەر) مەن ۋە ماڭا ئوخشاش كىشىلەر ئىدى ئەمما مېنىڭ رىجاللىرىم بولسا سەن ۋە ساڭا ئوخشاش كىشىلەر بولۇۋاتىدۇ» دېگەن شۇڭا ئەنەس رضي الله عنه ئۇ كىشىلەرگە: «سەۋر قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغان. دېمەك، ئىنسان سەۋر قىلىشى ۋاجىب. ھەر بىر قىيىنچىلىقنىڭ كەينىدە ئاسانچىلىق بار. گاھىدا يامانلىق ياكى ھۇجۇملار ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ لېكىن يامانلىق بەربىر ياخشىلىقنى مەغلۇپ قىلالمايدۇ. سەۋر قىلىش دېگەنلىك — زۇلۇمنى يوقىتىشنىڭ سەۋەبى بولغان ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە تاشلىنىپ قالغان (ھىجرەت، جىھادقا ئوخشاش) پەرزلەرنى تەرك ئېتىپ سەۋر قىلىش دېگەنلىك بولماستىن بەلكى بۇ زۇلۇمنى، زۇلۇمغا تەسلىم بولمىغان ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىغان ھالدا ھېكمەت ۋە سەۋر بىلەن ھەل قىلىش دېگەنلىكتۇر چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)» (سۈرە ئال ئىمران 200- ئايەت).

«بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق يىللار ياكى كۈنلەر كېلىدۇ» دېگەنلىك مۇتلەق بولماستىن بەلكى كۆپىنچە جايلاردا يامانلىق غالىپ بولىسىمۇ، بەزى جايلاردا ياخشىلىق غالىپ بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

### ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، مەسىلە ۋە كىرىزىسقا يولۇققاندا ياشتا چوڭ، تەجرىبىلىك، ئىلىملىك ۋە ئىشەنچلىك بولۇش بىلەن تونۇلغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ مەسلىھەت (يەنى شۇرا)، پەتىۋا ۋە كۆرسەتمە سوراپ ئىش قىلىش — سەلەفلەرنىڭ ئەخلاقى ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، باشقىلارنىڭ يامانلىقىنى شىكايەت قىلغاندا، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان سالاھىيەتلىك كىشىلەرگە شىكايەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى. بۇ — ئىشنى ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇش دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتنى تەرك ئەتمەسلىكى كۆپىنچە ھالدا ئۇلارنىڭ ئەمىرلەر تەرەپتىن زۇلۇم قىلىنىشلىرىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، سەۋر قىلىش دېگەنلىك زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلماي تۇرۇش دېگەنلىك بولماستىن بەلكى ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇنكەرنى ئالدىراڭغۇلۇق قىلماستىن ھېكمەتلىك ئۇسلۇب بىلەن ئۆزگەرتىش قاتارلىق شەرىئەت بۇيرۇغان تەكلىپلەرنى ئورۇنلاشقا سەۋر قىلىش دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ — «كىمكى بىر نەرسىگە ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ناشەرئىي يول بىلەن ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ شۇ نەرسىدىن مەھرۇم قىلىنىش بىلەن جازالىنىدۇ» دېگەن شەرئىي ۋە كەۋنىي (يەنى كائىنات قانۇنىيىتى) قائىدىنىڭ مەنىسىدۇر.

بەشىنچى، پاسىق ئەمىرلەرگە قارشى چىقىش كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەتلى قىلىنىشىدىن ئىبارەت چوڭ زىيانغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەھلى سۈننەت ئەمىرلەرگە قورallىق قارشى چىقىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلا كەلگەن لېكىن زىيىنىدىن پايدىسى ئېشىپ چۈشىدىغان بولسا قارشى چىقىش دۇرۇستۇر. بۇ پايدا-زىياننى دەڭسەش يۇقىرى ئىلىم، تەجرىبە، ئىنساپ ۋە ئامانەت بىلەن تونۇلغان ئەھلى ئىلىملارغا قايتۇرۇلىدۇ.

ئالتىنچى، قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەر ئۈچۈن الله نى كۆرۈشنىڭ مۇمكىنلىكى.

يەتتىنچى، يامان كۈنلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ياخشى كۈنلەرنى قەدىرلەش ۋە ياخشى ئەمەللەرگە (يەنى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە كاززاب ئۆلىمالار تەرىپىدىن سۆكۈلۈۋاتقان، بۇرمىلىنىۋاتقان ۋە ئۇنتۇلدۇرۇلۇۋاتقان ھىجرەت ۋە جىھاد ئىبادىتىگە) ئالدىراشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئىككىنچى، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە ئەتراپىدا ياشاۋاتقان قوشنا ئەللەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن غازاتقا چىقىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، جەڭ گۇرۇپپىسىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ سان چەكلىمىسىنى بەلگىلەش — قوماندانغا قايتۇرۇلىدىغان ئىش ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، ئەمىرنىڭ بىۋاسىتە ھالدا جەڭ گۇرۇپپىسىغا قوماندانلىق قىلىپ مېڭىشىنىڭ مۇجاھىدلارنىڭ مەنۋىيىتىنى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقى.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەدىنىگە چىققاندىن تارتىپ توختاتمىغان ئەڭ چوڭ ئىبادىتى جىھاد بولۇپ، تاكى ۋاپات بولغۇچە ئۆزى بىۋاسىتە جەڭگە چىقىش ياكى قوشۇن ماڭدۇرۇش ئارقىلىق جىھاد ئىبادىتىدىن ئايرىلمىغان. باشقا ناماز، تاھارەت، ئىلىم-سېتىم قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى دىنىي ئەھكاملار مانا مۇشۇ جىھاد ئىبادىتى جەريانىدا يولغا قويۇلغان شۇڭا بۇ ئۈممەت دەۋەت ۋە جىھاد ئۈممىتىدۇر.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بېقىۋالغان بالىسى زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه نى جەڭ گۇرۇپپىسىغا قوماندان قىلىشى — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ راستچىل قوماندان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

يەتتىنچى، كاپىرلارغا يول باشلىغۇچى بولغان كىشى ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمىسىمۇ، ئۇنى ئەسىرگە ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

سەككىزىنچى، غەنىيمەتنى مۇجاھىدلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىش ئەسلى قائىدە بولۇپ، زۆرۈرىيەت بولغاندا ئۇنى ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش مەقسىتىدە تەقسىم قىلماسلىقنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى لېكىن زۆرۈرىيەتنى بەلگىلەش ئەھلۇلھەللى ۋەلئەقدى (يەنى مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى)گە قايتۇرۇلىدىغانلىقى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىدىكى خاۋارىجلار

### ئۈچىنچى تېما: تەكفىر (يەنى مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش) ۋە ھىجرەت جامائىتى ياكى «جامائەتۇل مۇسلىمىن (يەنى مۇسۇلمانلار جامائىتى)» خاۋارىجلىرى

#### بىرىنچى ماۋزۇ: تونۇشتۇرۇلۇشى

ئۆزىنى «جامائەتۇل مۇسلىمىن (يەنى مۇسۇلمانلار جامائىتى)» دەپ ئاتىغان ياكى تەشۋىقات ساھەسىدە «تەكفىر ۋە ھىجرەت جامائىتى» دەپ ئاتالغان بۇ جامائەت ئاشقۇن ئىسلامىي جامائەت بولۇپ، كۇفرى ئەمەس گۇناھ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىشتا خاۋارىجلار يولىنى تۇتقان جامائەتتۇر. بۇ جامائەت دەسلەپتە مىسىر تۈرمىلىرىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇپ، ئەزالىرى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن پىكىر-ئىدىيىلىرى بارغانسېرى زورىيىپ، مىسىر زېمىنىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان.

#### ئىككىنچى ماۋزۇ: بۇ جامائەتنىڭ قۇرۇلۇشى

بۇ جامائەتنىڭ پىكىر-ئىدىيىلىرى مىسىر تۈرمىلىرىدە پىششىقلانغان بولۇپ، بولۇپمۇ 1965- يىلى كۆپلەپ تۈرمىگە تاشلىنىشلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پىكىر-ئىدىيىلىرى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشكە باشلىغان. دەل بۇ پەيت سەييىد قۇتۇب رحمه الله ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا شۇ چاغدىكى مىسىر ھاكىمى جامال ئابدۇناسىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان ئىدى. دىنغا ھېرىسمەن مۇسۇلمانلار ھەرقايسى تۈرمىلەردىكى تىلغا ئېلىشتىن بەدەنلەر قورۇلۇپ كېتىدىغان ئازابلارنى كۆرگەن. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قىيىن-قىستاق سەۋەبىدىن شەھىد قىلىنغان لېكىن باغرى قاتتىق زوراۋانلار ئۇلارغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىغان. مانا بۇ قورقۇنچلۇق شارائىتتا ئاشقۇنلۇق تۇغۇلۇپ، تەكفىر ئىدىيىسى ئۇنۇپ چىققان ۋە مەلۇم دەرىجىدە قوللاشقا ئېرىشكەن.

1967- يىلى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى تۈرمىگە سولانغان دەۋەتچىلەردىن دۆلەت رەئىسى جامال ئابدۇناسىرنى قوللاشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تۈرمىدىكى بۇ دەۋەتچىلەر بىر نەچچە گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. بىر گۇرۇھ كىشىلەر رەئىسنى ۋە رەئىسنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوللاشقا ئالدىرىغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى تۈرمىدىن قۇتۇلۇش ۋە ۋەزىپىلىرىگە قايتىپ كېلىش بولغان. بۇلار پۈتۈن دەۋەتچىلەرنىڭ نامىدىن سۆز قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشقان. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھۆكۈمەتنىڭ چوماقچىلىرى ھەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەت ئىچىدىكى 5- كورپۇس (يەنى مۇناپىقلار گۇرۇھى) ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ يەردە يەنە بىر خىل كىشىلەر بولۇپ، بۇلار ھەقىقەتتە چوماقچى ئەمەس لېكىن كۆپلىگەن پايدا-مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا دەۋەت ھەرىكىتىگە قېتىلغان سىياسىيونلار ئىدى ئەمما كۆپلىگەن مەھبۇس دەۋەتچىلەر سۈكۈت قىلىشقا قىستىلىپ ئۆزىنى ئىكراھ ھالىتىدە دەپ ساناپ جامال ئابدۇناسىرنى قوللىمىدى ياكى قارشى تۇرمىدى.

دەرۋەقە، ئازغىنا ياشلار گۇرۇھى بولسا

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

ھاكىمىيەتنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە دۆلەت رەئىسى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كاپىرلىقىنى ئېلان قىلدى شۇنداقلا ئۇلار بۇ ھاكىمىيەتنى قوللىغان بىر قىسىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى ئىسلامدىن يانغان مۇرتەد، كىمكى بۇلارنى كاپىر دېمەيدىكەن ئۆزى كاپىر دېيىشتى. شۇ مىسىر جەمئىيىتىنى پۈتۈن پۇقرالىرى بىلەن قوشۇپ كاپىر دەپ ھېسابلىدى چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ مىسىرلىقلار ھاكىمىيەتنى دوست تۇتقان (يەنى قوللىغان) ئىدى شۇڭا بۇ خەلققە ھېچبىر روزا، ھېچبىر نامازنىڭ پايدىسى يوق دەپ قاراشتى. بۇ گۇرۇھنىڭ ئىمامى (يەنى خەلىپىسى ياكى ھاكىمى) ۋە بۇ جامائەتنىڭ پىكىرلىرىنى تۈزۈپ چىققۇچى كىشى بولسا ئىنژىنېر شەيخ ئەلى ئىسمائىل ئىدى.

بۇ جامائەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر يېتەكچىلىرى:

شەيخ ئەلى ئىسمائىل — ئۇ، بۇ گۇرۇھنىڭ تۇرمە ئىچىدىكى ئىمامى (يەنى داھىيسى) ئىدى. ئۇ ئەزھەرنى پۈتتۈرگەنلەردىن بولۇپ، ئۇستاز سەييىد قۇتۇب رحمه الله بىلەن بىرلىكتە دارغا ئېسىلغان ئابدۇل فەتتاھ ئىسمائىلنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى ئىدى. شەيخ ئەلى بۇ جامائەتنىڭ «ھىجرەت، ئىزلەت (يەنى باشقىلاردىن ئايرىلىپ ياشاش)» ۋە «تەكفىر (مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش)» ھەققىدىكى قائىدە-پرىنسىپلىرىنى شەرئىي تۈسكە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ قائىدە-پرىنسىپلىرى قارىماققا قۇرئان، ھەدىس ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەرجىمھالىدىن ئېلىنغاندەك قىلىسمۇ ئەمما ئۇ بۇ ھەقتە خاۋارىجلارنىڭ پىكىرلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان ئىدى شۇنداقتىمۇ ئۇ كېيىنچە ئۆزى تەشەببۇس قىلغان بۇ پىكىرلەردىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ ئەقلىنى تېپىۋالدى.

شۇكرى ئەھمەد مۇستاپا (ئەبۇ سەئىد) — بۇ كىشى 1942- يىلى ئاسيۇت ۋىلايىتىنىڭ ھاۋاتكە يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ 1965- يىلدىكى تۇرمىگە تاشلانغان ياشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇلار مۇشۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىقىدىن تۇرمىگە تاشلانغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېشى 23 تە ئاشمىغان ئىدى.

شەيخ ئەلى ئىسمائىل بۇ گۇرۇھنىڭ پىكىرلىرىدىن ئادا-جۇدا بولغاندىن كېيىن، شۇكرى مۇستاپا بۇ گۇرۇھنىڭ رەھبىرى بولدى. ئۇ 1971- يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋېرلىق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن بۇ گۇرۇھنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتالمىش «مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى» ۋە «مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ يېتەكچى قوماندانى» دەپ بەيئەت قىلىندى. ئۇندىن كېيىن ئۇ ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە رايونلارغا ئاتالمىش ۋالىيلارنى تەيىنلىدى. بۇ جامائەت ئۆز ئەزالىرى ئۈچۈن قاھىرە، ئىسكەندىرىيە، جىزا ۋە بىر قىسىم ۋىلايەتلەردە مەخپىي ماقار (جامائەت ئەزالىرى يىغىلىپ تۇرىدىغان جاي) قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن بىنا ئۆيلەرنى ئىجارە ئالدى.

ئۇ 1973- يىلى 9- ئايدا جامائەت ئەزالىرىنى قول ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى سېتىپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ۋە ئاق قورال (قىلىچ، نەيزە)لىرىنى ئېلىپ مىنىيە ۋىلايىتىدىكى ئەبۇ قورقاس رايونىغا جايلاشقان تاغلىق رايونلارغا ۋە ئۆڭكۈرلەرگە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغان. بۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ھىجرەت چۈشەنچىسىنى ئەمەلىي تەتبىقلاش ئىدى. 1973- يىلى 10- ئاينىڭ 26- كۈنى مىسىر بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكىلەر بۇلارنىڭ ئىشىدىن گۇمانلىنىپ ئۇلارنى 1973- يىللىق دۆلەت ئالىي بىخەتەرلىك ھەققىدىكى 618- نومۇرلۇق دېلوغا مۇناسىۋەتلىك سوتقا تارتىش ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# پايدىلىنىش بىلىملىرى

## (چاتما ماتېرىياللار)

# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

شەرق تەرەپكە جايلاشقان چوڭ پامىرنى كۆپلىگەن ۋاخى چارۋىچىلار ياز پەسلىدە چارۋا ماللىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. چوڭ پامىرنىڭ بەزى رايونلىرىدىن قىشتىمۇ پايدىلىنىدۇ.

تاغدىكى چارۋىچىلىق ئارتېمىسىيە (Artemisia) قاتارلىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلغان. بۇ رايونلاردىكى نەملىك يېتەرلىك بولغان ئورۇنلاردا بىر قىسىم يەرلىك يېسىۋىلەكلەر تېپىلىدۇ ۋە بەزى يەرلەردە قارىغاي ئورمانلىقىنىڭ قالدۇقلىرى بار. دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە ئاھالىلەر رايونى دېڭىز يۈزىدىن 2600 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان پەنج دەريا بويلىرىغا جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ قىش پەسلى پەنج جىلغىسىغا كەلگەن كۈچلۈك سوغۇق شامال بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ يەردە كۈچلۈك قار ياغىدۇ ئەمما ئادەتتە يوللارنى شامالار سۈپۈرۈپ پاكىز تازىلىۋېتىدۇ.

ئىشكەشىم ۋە قەلئەيىپەنجىنىڭ ئارىلىقىدىكى يوللار ۋە ئۇ يوللارنىڭ داۋامى 1950- ۋە 1960- يىللىرى ياسالغان. بۇ رايون 1990- يىلىنىڭ ئوتتۇرىغىچە ناھايىتى نامرات ھالەتتە ئىدى بىراق قەلئەيىپەنجە يېقىنقى يىللاردا (يەنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى يىقىلغاندىن كېيىن) بەزى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا تۆت چاقلىق ماشىنىلار ماڭىدىغان يوللار ھەر يىلى كۈچلۈك كەلكۈن تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى، چوڭ پامىر. چوڭ پامىر ئاساسلىق تاغ قاپتاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ قاپتاللار پامىر ۋە پەنج دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. چوڭ پامىر ئېگىز تاغ قاپتاللىق 4500 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى ئېگىزلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ غەربتىن شەرققىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان كەڭلىكى 20 كىلومېتىردىن 60 كىلومېتىرغىچە.

بۇ يەر ئارقار، ياۋا قوي، قار يىلپىزى، قوڭۇر ئېيىق، مولۇن، بۆرە، تۈلكە، چوڭ قۇيرۇقلۇق سۇغۇر، ھەر خىل ياۋا مۈشۈكلەر، ھەر خىل تۈردىكى چاشقانلار، قۇندۇز ۋە ياۋا توشقانلارنىڭ ماكانىدۇر.

ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6700 مېتىردىن 6900 مېتىرغىچە كېلىدۇ. بۇ يەردە تۆت پەسىل توختىماي ياغىدىغان قار ۋە تۆت پەسىل ئېرىمەيدىغان مۇزلۇقلار بار بولۇپ، بۇ يەردىن كەلگەن سۇ ئېقىنلىرى پامىر ۋە ۋاخان دەريالىرىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مۇزلۇقلارنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك دەلىللەر بار.

پامىر دەرياسى جايلاشقان پامىر جىلغىسىنىڭ غەربىي شىمال ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى يانتۇ تاغ باغرى ۋاخى چارۋىچى ئائىلىلەرنى يەم-خەشەكلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇ رايون قەلئەيىپەنج بىلەن ئۇنىڭ شەرقىدىكى سەرھەدى بوروغىلنىڭ (يەنى سەرھەدى ۋاخاننىڭ) ئوتتۇرىسىدۇر. بۇ يەرگە ۋاخانلىق ئائىلىلەر جايلاشقان. چوڭ پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىدا چېدىردا ئولتۇرىدىغان تۈركىي قان سىستېمىسىدىكى قىرغىزلار بار. ئۇلار تۆگە، كالا، ئات، قوتاز، ئۆچكە ۋە قويلىرىغا قاراپ ئۆزلىرى ياسىغان چېدىرلىرىدا پۈتۈن يىل ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تاغ ئەتراپىدا پەسىللىك يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. گەرچە 19- ئەسىردە بارلىققا كەلگەن سىياسىي چېگرالار ئۇلارنى چەكلەپ تۇرسىمۇ، ئۇلار بۇ چېگرالارغا قارىماي پەسىللىك يۆتكىلىۋېرىدۇ.

قەلئەيىپەنجىدىن شەرقىي تەرەپتىكى سەرھەدكىچە 30 قا يېقىن ئاھالىلەر رايونى بولۇپ، بۇ رايونلارنىڭ كۆپ قىسىملىرى ئاز ساندىكى ئاھالىلەردىن تۈزۈلگەن. بۇلار دەريا ياقىلىرىدىكى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكلەرگە قۇرۇلغان. خۇددى ۋاخان رايونىدىكىگە ئوخشاش بۇ رايوندىمۇ يەرلىك ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدىغان چارۋىچىلار ھەم بار. ئۇلار بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنى ھەمدە تېرىق ۋە ياڭيۇلارنى ئۆستۈرىدۇ. ئارپا بولسا 3400 مېتىردىن 3600 مېتىرغىچە بولغان ئوتتۇرا ئېگىزلىكتىكى يازلىق تۇرالغۇنىڭ ئەڭ زۆرۈر ۋە بىردىنبىر زىرائىتىدۇر. 3400 مېتىرغىچە بولغان رايونلاردا بۇغداي ئەڭ ئاساسلىق ئاشلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئىككى دەريانىڭ ياقىلىرى دەرەخزارلىق تەرىپىدىن ناھايىتى چىرايلىق زىننەتلەنگەن بولۇپ، بۇ دەرەخلەر سۆگەت، قېيىن دەرىخى، دېڭىز چىلىنى، ياۋا قىزىلگۈل دەرىخى ۋە بەزى يەرلىرىدىكى ئاز مىقداردا ئۆسكەن قويۇق چاتقاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭىز چىلىنىنىڭ قويۇق چاتقاللىرىدىن كىچىك-كىچىك چىلان مېۋىسى چىقىدۇ ئەمما يەرلىك كىشىلەر بۇ مېۋىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ (تاجىكىستان تەرەپتىكى رۇسلىشىپ كەتكەن خەلق بۇلارنى ئىشلىتىدۇ).

4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئاساسلىق ئوتلاقتا دەرەخ تۈرلىرىدىن ئارتېمىسىيە، ئاستراگەلوس (Astragalus)، ئېفېدرا (Ephedra)، كوۋسىنىيە (Cousinia) ۋە ئورىزوپسىسلاردىن (Oryzop-sis) باشقا يەنە، ستىپا (Stipa) ۋە ئۆمرى قىسقا ئۆسۈملۈكلەردىن پوئا (Poa) قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. رىۋايەتلەردىكى «ماركوپولو چاتقاللىق ئوتلىقى» ياكى باشقىچە ئېيتساق چاتقاللىق يايلاق جىلغىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرىدا بولۇپ، ئۇ يەرلەردە كارەكس كوبرەسىيە (Carex Ko-bresia)، قامچا ئوت قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى كۆپ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4800 مېتىردىن ئېگىز بولغان يەرلەردە ئالپىس تېغى ئۆسۈملۈكلىرىدىن پرىمۇلا (Primula)، پېدىكۇلارىس (Pedicularis)، ئاستېر (Aster)، ساكافراگا (Saxafraga)، زىمۇس(Thymus)، پوتېنتىللا (Poten-tilla) ۋە باشقىلار بار.

1960- يىللىرىدا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ۋە ئوۋچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سەرھەدكىچە بولغان يەرلەرگە يول ياسالغان. ھازىر ئۇ يوللارنى ساقلاپ قېلىش ياكى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلمىدى بىراق ياخشى بولغان تۆت چاقلىق ماشىنىلار بىلەن بۇ يوللاردا نورمال يۈرگىلى بولىدۇ. يولنىڭ ھەممە يەرلىرى كەلكۈننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، يەنە بىر قىسىم يەرلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئىككى ياقىدىكى تاغ بۆلەكلىرى سەرھەدكە بارغىچە داۋاملىق ئېگىزلەپ ماڭىدۇ. سەرھەد كەڭ كەتكەن ئويمانلىققا جايلاشقان بولۇپ، كىچىك پامىردىن ئېقىپ كەلگەن پامىر دەرياسى بۇ ئويمانلىقتىن ئېقىپ چىقىپ چوڭ پامىر ئارقىلىق چوڭقۇر سايلىققا ئېقىپ كىرىدۇ. كەڭ بوروغىل جىلغىسى جەنۇب تەرەپتىن بۇ يەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ يەر ناھايىتى ئېگىز بولسىمۇ لېكىن بوروغىل ئۆتۈشمىسى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4288 مېتىر) چاترالغا ئۆتىدىغان ناھايىتى ئاسان بىر يولدۇر. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رۇسلارنىڭ توپ قوراللىرى بىلەن بۇ ئۆتۈشمىدىن كىرىپ ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى ھىندىستاننى بېسىۋېلىش خەۋپى برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى ناھايىتى قورقۇتقان ئىدى. بۇ يەر چاترالغا ئۆتىدىغان بىردىنبىر ئۆتۈشمە يول بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى چاترالنى كونترول قىلىش مەقسىتىدە، بۇ رايوننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھۋالىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ قالغان.

ئۈچىنچى، كىچىك پامىر. ئۇ — چوڭ پامىرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىككى تاغ تىزمىسىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ۋاغجىر جىلغىسىدا بۆلۈنىدۇ. بۇ رايون سەرھەدى بوروغىلنىڭ ئۈستۈنكى شەرق تەرىپىگە، پەنج دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. جەنۇب تەرىپىدە قارا قۇرۇم جىلغىسى بار بولۇپ، ئۇ — پاكىستاننىڭ گىلگىت ۋە ھونزا رايونلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرق تەرەپتە شەرقىي تۈركىستانغا تۇتىشىدۇ. بۇ رايوننىڭ تاغ بۆلەكلىرى ۋە تاغ چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6500 — 7000 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئافغانىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستان چېگراسىدىكى تاغ بۆلىكى ئەڭ ئېگىز.

كىچىك پامىر شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ۋاغجىر جىلغىسى ۋە ئۆتۈشمىسى بويىچە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۆتۈشمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4850 مېتىر بولۇپ، بۇ يەردىن پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى گىلگىت ۋە ھۇنزا تەرەپلەرگە كىرگىلى بولىدۇ. كىچىك پامىرنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى يەنە بىر ئېگىز ئۆتۈشمە — يۈلى ئۆتۈشمىسى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4872 مېتىر) بولۇپ، بۇ يول شەرقىي تۈركىستانغا كىرىش يولىدۇر. بۇ يول ئارقىلىق قەدىمقى يىپەك يولى شەھەرلىرىدىن قەشقەر ۋە تاشقورغانلارغا بارغىلى بولىدۇ.

كىچىك پامىر شىمالىدا زور كۆلنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ ۋە تاجىكىستانغا چېگرىلىنىدۇ. بۇ يەر ئېگىز مۇزلۇقلار، ئېگىزلىكلەر ۋە پامىر تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشىپ كەتكەن ئالپىس كۆللىرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# جىهاد چەشمىلىرى



■ نۇرس گۇرۇپپىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 2017- يىلى يىل بېشىدىن 2017- يىلى 10- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 403 دانە تانكىسى ۋەيران بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 10- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ كىسمايو شەھىرى ئەتراپىدا 2 ئورۇنغا مىنا قويۇپ پارتلىتىپ، 16 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 11- ئاينىڭ 10- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە مۇرتەد ئارمىيە بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن 4 كۈن قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە باسرا يېزىسىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرى لەشكەرگاھتا 400 كىشىلىك بىر ھەربىي گازارمىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە تاغۇتلارنىڭ 10 دانە ئەسكىرىي ماشىنىسى ۋە 10 دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىسى ۋەيران بولغان ھەمدە 32 نەپەر ئەسكىرى ئۆلۈپ، 47 نەپىرى يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 13- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتىدە تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 2 دانە ماشىنىسى ۋەيران بولۇپ، 14 نەپەر ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 11- ئاينىڭ 13- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتى بىلەن ھېرات ۋىلايىتى ئارىسىدىكى يولغا جايلاشقان مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ 3 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 46 نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، 11 دانە ئەسكىرىي ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نۇرىستان ۋىلايىتى بەرجىنتال رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن، نەتىجىدە ئايروپىلان ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن.

■ 11- ئاينىڭ 14- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ دەمەشىق ۋىلايىتى غەربىي غۇتا رايونى كەفەر ھور يېزىسى ئەتراپىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. جەڭ جەريانىدا ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 1 دانە شالاكا ماشىنىسىنى ۋەيران قىلىپ، 10 غا يېقىن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ يارىلاندۇرغان ۋە بۇ يېزىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 14- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ تەردىيشى رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 5 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 11- ئاينىڭ 15- كۈنى دەمەشىق ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي غۇتا رايونىدىكى مۇجاھىدلار نۇسەيرىيە كاپىرلىرىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى باشلىغان. جەڭ جەريانىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھەرستا شەھىرىگە جايلاشقان كاپىرلارنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىپ، 100 دىن ئارتۇق كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەن شۇنداقلا بىر دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلىپ بىر دانە شالاكا ۋە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان. بۇ جەڭ ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

■ 11- ئاينىڭ 16- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان تەللە بەلىل نۇقتىسىغا ئىلگىرىلىگەن. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز الله نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ تاغۇت قوشۇنلىرىنى زور تالاپەتلەرگە ئۇچرىتىپ، خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىندۈرگەن.

■ 11- ئاينىڭ 19- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تەللە راشىدىيە رايونىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنى پىستىرمىغا چۈشۈرۈپ، نۇسەيرىيلەردىن 10 دىن ئارتۇقىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن.

■ 11- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتىنىڭ ئابكىمرى رايونىدا 10 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى قورال-ياراغلىرى بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 19- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ رىدا ۋىلايىتى يەكەللا رايونىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان ھۇسى شىئەلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالغان.

■ 11- ئاينىڭ 20- كۈنى تايلاند ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 20 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىندىشىمىز تۈرمىدىن قاچقان بولۇپ، بۇلاردىن 5 نەپىرىنىڭ تايلاند ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنماقتا، قالغان قېرىنداشلىرىمىز الله نىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ يۈرمەكتە. مېھرىبان رەببىمىز الله تىن ئەسىرلىكتە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا سەۋر ئاتا قىلىشىنى ۋە پات پۇرسەتتە ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يەتكۈزۈشىنى شۇنداقلا قېچىپ يۈرۈۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

■ يېقىنقى 2 ئاي جەريانىدا، سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالى ۋە شەرقى رايونلىرىدا كەسكىن جەڭلەر داۋام قىلماقتا. نۇسەيرىيە كاپىرلىرى ۋە خاۋارىجلار مۇجاھىدلارغا بولغان بېسىمىنى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيتىپ ھەددىدىن ئاشقان بىر پەيتتە، جامائىتىمىز مۇجاھىدلىرى قېرىنداشلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھاما ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان مۇستەرىيھە يېزىسىغا يېتىپ بارغان. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ يېزا ئەتراپىدا رىباتتا تۇرۇش جەريانىدا نۇسەيرىيە كاپىرلىرى 5 قېتىم كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، مېھرىبان رەببىمىز الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى، ئاندىن قالسا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن كۆپلىگەن نۇسەيرىيە كاپىرلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، بىر دانە تانكا غەنىيمەت ئېلىنغان شۇنداقلا نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنىڭ 10 غا يېقىن تانكا ۋە Bmp لىرى ۋەيران قىلىنغان.

■ 11- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان پايتەختى كابۇلدا ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى توپلىشىپ تۇرغان بىر پەيتتە، پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ 6 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە قالغانلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرغان.

■ 11- ئاينىڭ 22- كۈنى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ C-2 تىپلىق بىر دانە ھەربىي ئايروپىلانى پايونىيە تەۋەسىدىكى بىر دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ، ئايروپىلان ئىچىدىكى 3 نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ، 8 نەپىرى يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 23- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ھەجەرە يېزىسىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغان نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، بۇ يېزىنى قايتۇرۇۋالغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| شَيْءٌ | نەرسە | أَيُّ شَيْءٍ فِي يَدِكَ | قولۇڭدا كۆتۈرۈۋالغىنىڭ قانداق نەرسە؟ |
| شَجَرٌ | دەرەخ | إِنَّ هَذِهِ الشَّجَرَةَ طَوِيْلَةٌ جِدًّا | بۇ دەرەخ بەك ئېگىز ئىكەن |
| حَجَرٌ | تاش | وَقَفَ حَجَرٌ كَبِيرٌ فِي طَرِيْقِنَا | بىر چوڭ تاش يولىمىزنى توستى |
| طِيْنٌ | لاي | خَلَقَ اللّٰهُ الْإِنْسَانَ مِنْ طِيْنٍ | ئاللاھ ئىنساننى لايدىن ياراتتى |
| قُطْنٌ | پاختا | إِشْتَرَيْتُ الْقُطْنَ مِنَ الصَّيْدَلِيَّةِ | مەن دورىخانىدىن پاختا سېتىۋالدىم |
| لَوْحٌ | تاختاي، ۋىۋىسكا | لِنُعَلِّقْ عَلَى هَذَا الدُّكَّانِ لَوْحًا | بۇ دۇكانغا ۋىۋىسكا ئاسايلى |
| حَبْلٌ | ئارغامچا | إِعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّٰهِ | ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار |
| عَصَا | ھاسا | أَلْقَى مُوسَى (عَلَيْهِ السَّلَامُ) عَصَاهُ | مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىدى |
| صُلْبٌ | مۇستەھكەم | لَا بُدَّ لِلْمُؤْمِنِينَ مِنْ صَفٍ صُلْبٍ | مۇئمىنلەردە چوقۇم مۇستەھكەم ئىرادە بولۇشى كېرەك |
| لَيِّنٌ | يۇمشاق | اَلْقَوْلُ اللَّيِّنُ يَشُقُّ الْحَجَرَ | يۇمشاق سۆز تاشنى يارار |
| مُسْتَقِيْمٌ | تۈز | إِهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ | بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن |
| مُعْوَجٌّ | ئەگرى | هُوَ جَعَلَ غُصْنًا مُعْوَجًا عَصَا | ئۇ بىر ئەگرى شاخنى ھاسا قىلىۋالدى |

# ئائىلىدىكى رىتسىپلار

## قۇۋۋەت چېيى

ياڭاق مېغىزى، ئالقات، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم، قوۋزاقدارچىن قاتارلىقلارنى نىسبەت بويىچە تەييارلاپ، پاكىز يۇيۇپ چەينەككە سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ، سۇس ئوتتا بىرنەچچە مىنۇت قايىنىتىپ، خورۇچلارنىڭ تەمى چىققاندا ناۋات ۋە قارىچاينى سېلىپ، بىرنەچچە مىنۇت دەملەپ تەييارلىنىدۇ.

بۇ چاينىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولۇپ، بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ. يۈرەك ئاجىزلىقى، بەل ۋە پۇت سىرقىراپ ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله). ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا دەملەپ، ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته




تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم توغرا تاپالايدۇ؟

1. توخۇ توشقان ئون سەككىز، پۇت-قولى قىرىق سەككىز. توخۇ قانچە؟ توشقان قانچە؟

2. ئادەم ئالدىغا ماڭسا مەغلۇپ بولىدىكەن، كەينىگە ماڭسا غەلىبە قىلىدىكەن، نېمە ئۈچۈن؟

3. بىر ياشانغان موماي كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپتۇ لېكىن بۇ مومايغا ھېچكىم ئورۇن بەرمەپتۇ، نېمە ئۈچۈن بەرمىگەن؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. كۆيۈك لامپۇچكا ياكى بۇزۇق لامپۇچكا.
2. بۇزۇلۇپ قالغاندا ياكى مېيى تۈگىگەندە ماڭمايدۇ.
3. يىڭنە.



